# تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەدبىر

## شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبىدىن قوللايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەم جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق، ھەم كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، قانۇنچىللىق روھىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن.» شىنجاڭ داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى ئەركىن ساماسىق مۇنداق دېدى: كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلەپىگە ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى نامايان قىلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

«تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگىتىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندىم، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈردۈم، يەنە ماھارەت ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردۇم» دېدى خوتەن ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى 4 ـ نومۇرلۇق سېخىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇننىسا ئەلى. ئۇ خوتەن ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆگەنگەن ماھارىتى ۋە بىلىمىدىن پايدىلىنىپ، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ غوللۇق خادىمىغا ئايلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا ئائىلىسىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىغا ماڭدى.

ئاقتۇ ناھىيەسى ئۆزمە يېزىسىنىڭ قاشئېرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇخدان ئىسمائىل مۇنداق دېدى: «تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كونا ناچار قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى، يەنە ئەتراپىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى، تۈرتكە بولدى. ھازىر، كەنتىمىزدە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى قەدىرلەيدىغان ۋە مەدەنىي كەيپىياتقا ئىنتىلىدىغان كەيپىيات تېخىمۇ قويۇقلاشتى».

### ■ تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى روشەن بولدى

«تەربىيەلەش مەركىزىدە تاماق، ياتاق، ئۆگىنىشنىڭ ھەممىسى ھەقسىز، يەنە داۋالاش ئۆيى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، پسىخىك مەسلىھەت بېرىش ئۆيى بار، مېنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشىم خاتىرجەم ئۆگىنىش. تەربىيەلىنىش جەريانىدا، ‹ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ۋە كەنت كادىرلىرى ئائىلەمگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، بىزگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى.» مارالبېشى ناھىيەسى ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەيسا مەمەت مىننەتدار بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن مېۋە ـ چېۋە دۇكىنى ئېچىۋالدىم، ئائىلىمىزدە كىچىك سوغۇق ساقلاش ئامبىرى سېلىۋاتىمىز. مەن كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ بىللە مېۋە ـ چېۋە سېتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن».

شىنجاڭ داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى چىن شۇ مۇنداق بىلدۈردى: تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن يۇقۇملانغان، قانۇنغا بىنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇش، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئەمگەك ماھارىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. «بىز كۆپلىگەن جانلىق مىساللارنى كۆردۇق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىنكى كىشىلىك تۇرمۇشىدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەر تەلىم ـ تەربىيە نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ روشەن بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېدى چىن شۇ.

«تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇردى، ئۆگەندى، ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەر تۈپتىن بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتكە ياراملىق كىشىلەرگە ئايلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ ئوۋ مۇنداق دېدى: تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقتى.

### ■ تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەش

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى.» قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى رۇقىيە ئابلىز مۇنداق دېدى: بىرقىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەر شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىگە قاراچاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە پاكىتقا پىسەنت قىلماي «قوش ئۆلچەم» قوللاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. «خاتىرجەم ياشاش، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەش ھەر بىر پۇقرانىڭ ئارزۇسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدى. بىز نۆۋەتتىكى تەستە قولغا كەلگەن ئىناقلىق، مۇقىملىقنى قەدىرلەپ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز» دېدى ئۇ.

«خۇددى ئاق تاشلىق كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك، بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. بۇ كەسكىن ۋەزىيەتتە، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇقلىرىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى لىيۇ شىڭ مۇنداق دېدى: ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشى خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنى توغرا يېتەكلەپ، دۇنياغا شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىق ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، كۆزدىن كەچۈردى، ئۇلار تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ خەلق ئاممىسىغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئۆز كۆزى بىلەن گۇۋاھ بولدى. خەلقئارا جەمئىيەت ئاكتىپ باھا بەردى، بۇ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تولۇق چۈشەندۈردۇ» دېدى لىيۇ شىڭ.

شىنجاڭ جىنچياۋ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى رىزۋانگۈل روزى مۇنداق دېدى: ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى، ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنى بىخەتەر، ئىناق، گۈزەل جاي ئىكەن، دېدى. «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، بىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، يۇرتىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قۇرۇپ چىقىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!» دېدى رىزۋانگۈل.

**(مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، ياڭ شۇخەن، شىي خۇيبىيەن، مېھرىگۈل غوپۇر، مېھرىگۈل ناسىر، جاۋ شىيا، خې لىڭ، گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لىيۇ بو، گاڭ لىچياڭ، جاڭ خېيىەن يازغان)**

# شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى

□ جاڭ يۈخې

بىر مەزگىل، شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى، بۇزغۇنچىلىقىغا چوڭقۇر ئۇچراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۆزلۈكسىز يۈزبېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى خالىغانچە دەپسەندە قىلىندى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىر كۈن يوقىتىلمىسا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تېزدىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىش ئاساسىدا، مەنبەدىن تۈزەپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنىڭ تىنچ، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پەقەت ئەدلىيەدىكى «بىرلا ھۆكۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق روشەنكى تېررورىزم، ئەسەبىزمگە ئۈنۈملۈك زەربە بەرگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى سەۋەبنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەربىيەلەپ، قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ، خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئاساسىي ھوقۇقىنى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىق قىممىتىنى قوغدىغانلىق.

شىنجاڭدىكى قىسمەن ئاممىنىڭ ئاسانلا تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، يەنە مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ياكى جىنايى قىلمىشنى سادىر قىلىشىنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان. نۇرغۇنلىغان ئاممىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئىگىلىمەسلىك، دۆلەت قانۇنىنى بىلمەسلىك ياكى خاتا ھالدا بۇرمىلانغان دۆلەت قانۇنىنى قوبۇل قىلىش، ئەمگەك ماھارىتىنى ياكى تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مەسىلە يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش جەھەتتە سىجىل كۈچىدى. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تۈپ مەقسىتىگە يەتتى.

شىنجاڭ بىرقىسىم رايون، ناھىيەلەردە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى غوللۇق ئوقۇتقۇچى، نوپۇزلۇق كەسپىي تېخنىكلارنى سەپلەپ، ئوقۇتۇش لايىھەسىنى تۈزۈش، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ بېسىش، دەرس سۆزلەش سىستېمىسى قۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، دەرس ئۆتۈش، ئۆگىنىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر زامانىۋى بىلىملەرنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتى. قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارى كۈچەيدى، ئۇلارنىڭ بىلىش قاتلىمىدىن تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردىمى بولدى. كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى كېڭەيتىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ چىقىرىلدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىسىمۇ بولىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار ياردەم بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان مۇھىت، تۇپراق ۋە شارائىت ئۈنۈملۈك تۈگىتىلدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى شۇ جاينىڭ جەمئىيەت مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، زامانىۋى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات كۈنسېرى قويۇقلاشتى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئاشكارە توسۇلدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدى تولۇپ تاشتى. تەلىم ـ تەربىيەگە قاتنىشىپ تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قانۇن بىلىملىرى سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، كەسپىي ماھارىتى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئۇلار ئىلگىرى قايمۇقتۇرۇلغانلىقىنى، خاتا يولدا ماڭغانلىقى، ئىدىيە جەھەتتە نىشاندىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، بۇ تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان باشقا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىش ئېففېكتىنى ئوينىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قانات يايدۇرغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەريانىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تامامەن شۇنداقلا جەزمەن مەردانىلىك بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكار ھالدا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

**(ئاپتور غەربىي جەنۇب سىياسىي ـ قانۇن داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىجرائىيە باشلىقى)**

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى

□ لى ۋېنجۈن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بىرىكمە مۇشتىدىكى مۇھىم تەدبىرى بولۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بىر مەزگىل سىجىل تىرىشىش ئارقىلىق، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇردى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.

ھاياتلىق ھوقۇقى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ھوقۇقى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى پۇقرالارنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلاش مەجبۇرىيىتى بار. جۇڭگونىڭ قانۇنلىرى پۇقرالارنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنىڭ قانۇنسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇنسىز ھالدا باشقىلارنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» دۆلەتنى پارچىلاش سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. مۇرەككەپ، كەسكىن بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ مەۋقەنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى ھەم تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى خەلقئارا تەجرىبىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، مەنبەدىن تۈزەشنى پائال قانات يايدۇردى. شىنجاڭدا قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. بىگۇناھ ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىنىشتىن ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتى ۋە ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىدى.

ساغلاملىق ھوقۇقى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە نۇرغۇن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بېكىتىلگەن بىر تۈرلۈك ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق. تىرىشىپ خەلقنىڭ ساغلاملىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام تۇرمۇش مۇھىتى بەرپا قىلىش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى. ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئاممىدا دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىدە، دوختۇر يېزىپ بەرگەن دورىنى يېمىدى، بالىلىرىغا ۋاكسىنا ئەملەتمىدى. ھەتتا بەزىلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشىغا يول قويماي، كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويىدى، ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىش ئەسلىدە ئەقەللىي ساۋات، ئەمما ئىلىم ـ پەنگە خىلاپ بۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ۋە سەپسەتىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىزمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ توغرا دىن قارىشى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قارىشى، ئۆيلىنىش ـ تۇغۇت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بەردى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى زامانىۋىلاشقان تۇرمۇش قارىشى شەكىللەندۈرۈشكە تەدرىجىي تەربىيەلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى يەنە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلدى، پسىخىك مەسلىھەت بېرىش جەھەتتىكى كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى تەشكىللەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى پسىخىك مەسلىھەت بېرىش ۋە يېتەكلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

تەرەققىيات ھوقۇقى بىر تۈرلۈك مەھرۇم قىلىشقا بولمايدىغان ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق. تەرەققىيات ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تۈگىتىشكە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق. تەرەققىيات ھەم نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ، باشقا كىشىلىك ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئۆز يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ زۆرۈر جەريانى. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭ رايونىدا پەيدا قىلغان بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كېچىكتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى ـ تەرۆز قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە بۈگۈنكى كۈندە دەسلەپكى نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈلدى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

ئىلگىرى بىر قىسىم ئامما دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىشنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى يوقىتىپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى بىلىم ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشىش يولىنى كېڭەيتتى؛ قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى ئۆستۈردى؛ كەسپىي ماھارەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ يەنە بىرقىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە بېرىپ داۋاملىق ئۆگىنىپ بىلىمنى ئاشۇردى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيلىق پرىنسىپىنى شىنجاڭنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى پايدىلىق سىناق، پۈتۈن يەر شارىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى مۇھىم تەجرىبە. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ، ھەم تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامرىشى، سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، ھەم ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىگە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ماھارەت تەربىيەسى ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشى ۋە مۇستەھكەملىشى كېرەك.

**(ئاپتور غەربىي جەنۇب سىياسىي ـ قانۇن داشۆسىنىڭ لېكتورى)**

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)